## 21905 ـ قەدىر كېچىسىنى كۆزى بىلەن كۆرۈش توغرىسىدا

### سۇئال

قەدىر كېچىسىنى پەقەت كۆز بىلەن كۆرۈش كېرەكمۇ؟ بەزى كىشىلەر: قەدىر كېچىسىنى كۆرۈشكە قادىر بولغان كىشى ئاسماندا نۇرلارنى كۆرىدۇ دەيدۇ؟، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ساھابىلار قەدىر كېچىسىنى قانداق كۆرگەن؟، ئىنسان ئۆزىنىڭ قەدىر كېچىسىگە نائىل بولغانلىقىنى قانداق بىلىدۇ؟، ئەگەر ئىنسان شۇ كېچىنى كۆزى بىلەن كۆرەلمىسىمۇ قەدىر كېچىسىنىڭ ئەجىرـساۋابىغا ئېرىشەلەمدۇ؟. بۇ مەسىلىلەرنى دەلىل پاكىتلار بىلەن ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەتـسالاملىرى بولسۇن.

قەدىر كېچىسى ياكى ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆزى بىلەن كۆرۈش بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق قىلغان كىشىلا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ساھابىلار قەدىر كېچىسى ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگەنلىكىنى بەزى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلايتتى. ئەمما ئۇ ئالامەتلەرنى كۆرمىگەنلىك شۇ كېچىدە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ تۇرغان كىشىنى بۇ كېچىدە ئېرىشىدىغان ئەجىرـساۋابلارغا مۇيەسسەر بولۇشتىن ھېچ نەرسە چەكلەپ قويمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان كىشىدىن ئەجىرـساۋابنى تەلەپ قىلىپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇيرىغاندەك رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنىڭ كېچىلىرىدە قەدىر كېچىسىنى تېپىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىش تەقەززا قىلىنىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ تۇرۇشى قەدىر كېچىسىگە توغرا كېلىپ قالسا، گەرچە بۇ كېچىنى بىلەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ كېچىدە ئېرىشىدىغان پەزىلەتلەرگە مۇۋەپپەق بولىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى قەدىر كېچىسىدە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ تۇرىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. [ىبىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

يەنە بىر رىۋايەتتە: قەدىر كېچىسىنى تەلەپ قىلىپ تۇرغان كىشى، ئۇ كېچىگە نائىل بولسا، ئۇنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، دېيىلگەن. [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، بۇ كېچىنىڭ بەزى ئالامەتلىرى سۆزلەنگەن بولۇپ، يەنى شۇ كۈنى ئەتىگەن

قۇياش كۆتۈرۈلگەندە، كۈننىڭ نۇرى بولمايدۇ. ئۇبەي ئىبنى كەئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشۇ ئالامەتنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ قەدىر كېچىسىنى رامىزاننىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كېچىسى بولىدۇ دەپ قەسەم قىلغان. كۈچلۈك قاراشتا، قەدىر كېچىسى ئاخىرقى ئون كۈننىڭ كېچىلىرىدە بولىدۇ، پەقەت بىر كېچىگىلا خاس بولمايدۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ تاق كېچىلىرىنىڭ بىرىدە بولىدۇ. يىگىرمە يەتتىنچى كېچە بولسا تاق كېچىلەر ئىچىدە ئالاھىدە تەكىتلەنگەن كېچىدۇر. ئاخىرقى ئون كېچىنىڭ ھەممىسىدە ناماز ئوقۇش، قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش، دۇئا قىلىش قاتارلىق ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغان كىشى چوقۇم قەدىر كېچىسىنى تاپىدۇ. ئۇ كېچىدە ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، ساۋاب ئۈمىت قىلىپ تۇرغان كىشى ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغان ئەجىر ـ ساۋاب ۋە پەزىلەتلەرگە ئېرىشىش ئارقىلىق ئۇتۇق قازىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن. ۋەسسەللەللاھۇممە ئەلا نەبىيىنا مۇھەممەد ۋەئەلا ئالىھى ۋەسەھبىھى ئەجمەئىين.